# «شىنجاڭ تائاملىرى» ساياھەتچىلىكتىكى يېڭى سۈپەتلىك ماركىغا ئايلاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېقىنقى ئىككى يىلدا، پەزىلەت خېرىدارلار ئارىسىدا ھەرقايسى جايلارنىڭ يەرلىك شېۋىسىدە سۆزلىشىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، ھەر كۈنى چۈشتە سامسا دۇكىنى ئەتراپىدا توختايدىغان ساياھەت ئاپتوبۇسى ۋە سىرتقى جايلارنىڭ نومۇر تاختىسىنى ئاسقان ئاپتوموبىللارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. سامسا دۇكىنىنىڭ تىجارەت ئىدىيەسىدىمۇ ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئامالنىڭ بارىچە ساياھەتچىلەرنىڭ سۈرەتكە ئېلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدىغان بولدى، مەسىلەن، ئاشپەز يېڭىلا تونۇردىن چىققان سامسىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭغاچ «سامسا پىشتى» دەپ توۋلاپ، نۇرغۇن ساياھەتچىنىڭ دوۋيىندا قىسقا سىن تارقىتىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى، سامسا دۇكىنىنىڭ داڭقى يىراقلارغا تارقىلىپ، ساياھەتچىلەر تېخىمۇ كۆپەيدى.

«غىزالىنىش، قونالغۇ، يول يۈرۈش، ساياھەت قىلىش، مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش»تىن ئىبارەت ساياھەتچىلىكنىڭ ئالتە مۇھىم ئامىلى ئىچىدە، «غىزالىنىش» ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، كاۋاپ، داپانجى، لەڭمەن، پولۇ قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى شىنجاڭنىڭ مەززىلىك تائاملىرى ساياھەتچىلەرنىڭ «غىزالىنىش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىپلا قالماي، يەنە شىنجاڭنىڭ داڭلىق ساياھەت نام كارتىسىغا ئايلىنىپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىگە شەرەپ كەلتۈردى.

شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەندە، داپانجى يېمەسلىك چوقۇم بىر خىل ئەپسۇسلىنارلىق ئىش، ساۋەن داپانجىسى شىنجاڭ داپانجىسىنىڭ ۋەكىلى، ئۇ ھازىر ساۋەن ئوتتۇرىغا چىقارغان مەززىلىك تائام ماركىسى. ساۋەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جۇڭ خۇيچىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، تەخمىنەن 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا، داپانجى ساۋەن ناھىيەسىنىڭ يەرلىكتىكى بىر قىسىم ئاشخانىلىرىدا پەيدا بولغان، ئەينى چاغدىكى ئاساسلىق خېرىدارلار يولدىن ئۆتكەن - كەچكەن شوپۇر قاتارلىقلار بولغان، داپانجىنىڭ تەدرىجىي ھالدا ساۋەن، شىنجاڭدىن سىرتقا چىقىشىغا ئەگىشىپ، ساۋەن داپانجىسى شىنجاڭنىڭ مەززىلىك تائامىغا ئايلانغان، ھازىر يەنە شۇ جاينىڭ ئەڭ داڭلىق ساياھەت ئىسىم كارتىسى بولۇپ قالغان، نۇرغۇن ساياھەتچى ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ كېلىدىغان بولغان. نۆۋەتتە، شۇ يەردىكى داپانجى يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى 1000غا يېتىپ، ساياھەتچىلىك كەسپى ھەمدە باقمىچىلىق كەسپى، تېرىقچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

## تېخىمۇ كۆپ كىشى «ساياھەت تامىقى» يېيەلەيدىغان بولدى

تۇن پەردىسى يېيىلىپ، نۇرىمانگۈل ئاقايىت بىر كۈن ئىچىدىكى ئەڭ ئالدىراش ۋاقتىنى باشلىدى.

بۇ يىل 1 - ئايدىن باشلاپ، نۇرىمانگۈل خوتەن كەچلىك بازىرىدا (خۇەنخۇ دۇكىنىدا) پېتىر مانتا دۇكىنى ئاچتى. ساياھەتنىڭ ئاۋات پەسلى يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، كەچلىك بازاردا ساياھەتچىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، ئۇنىڭ سودىسىمۇ بارغانسېرى ياخشىلاندى. ھازىر ئۇ ھەر كۈنى كەچتە 80 - 70 قاسقان پېتىر مانتا ساتالايدىغان بولۇپ، ئايلىق كىرىمى 8000 يۈەندىن ئاشىدۇ.

بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، مىللىيچە ئۆزگىچە مەززىلىك تائاملار، مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل ئويۇنى، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆزگىچە ئۇششاق يېمەكلىكلىرى، ساياھەت ئۆزگىچە مەھسۇلاتلىرى توپلىنىپ بىر گەۋدە قىلىنغان خوتەن كەچلىك بازىرى (خۇەنخۇ دۇكىنى) رەسمىي تىجارەت باشلىدى. 158 دۇكان تىجارەتچىسى ئىچىدىكى 70%تىن كۆپرەكى خوتەن مەززىلىك تائاملىرى تىجارىتى قىلىدۇ.

«بىز يەرلىك ئۆزگىچە مەززىلىك تائاملارنى قېزىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىگە خوتەننىڭ مەززىلىك تائاملىرىنى تېتىتقۇزۇپلا قالماي، خوتەننىڭ ساياھەتچىلىكىگە تېخىمۇ تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ساياھەت ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردۇق» دېدى خوتەن كەچلىك بازىرى(خۇەنخۇ دۇكىنى)نىڭ تىجارەت باش نازارەتچىسى باۋ فېڭيۇ تونۇشتۇرۇپ. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ يەرگە كۈندە كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ سانى 10 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى.

بۈرچىن ناھىيەسىنىڭ تۆت پەسىل كەچلىك بازىرىدا، ما دېگۈي بېلىق تائاملىرى ئاشخانىسىنىڭ ۋىۋىسكىسى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ھېسابلاپ كەلگەندە، ما دېگۈينىڭ بۇ يەردە دۇكان ئېچىۋاتقىنىغا ئون يىل بولدى. كۈندۈزى تاماق يەيدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى يەرلىكلەر بولۇپ، كەچتە ساياھەتچىلەر زور كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى.

ھازىر، ما دېگۈي بېلىق تائاملىرى ئاشخانىسىنىڭ نامى يىراقلارغا تارقىلىپ، دائىم ئىچكىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر يان تېلېفونىدىكى سۈرەتكە قاراپ ئىزدەپ كېلىپ، نامىنى ئاتاپ بېلىق كاۋىپىنى بۇيرۇيدۇ. ئون يىل ئىچىدە، ئۇنىڭ ئاشخانىسى 30 نەچچە كۋادرات مېتىردىن 100 نەچچە كۋادرات مېتىرغا تەرەققىي قىلدى، يەنە سەككىز خىزمەتچى ياللاپ، تۆت پەسىل كەچلىك بازىرىدىكى 120گە يېقىن ئاشخانا ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق ئاشخانىغا ئايلاندى.

بۈگۈنكى كۈندە، ھەرقايسى جايلار بەس - بەستە يەرلىك ئۆزگىچە مەززىلىك تائاملىرىنى قېزىپ چىقىپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر يېڭى يول ئاچتى، تېخىمۇ كۆپ كىشى بۇ يول ئارقىلىق ساياھەت كەسپىگە قاتناشتى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، شىنجاڭ ساياھەتچىلىك كەسپىدە يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 32 مىڭدىن كۆپرەك كىشىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېمەك - ئىچمەككىلا نۇرغۇن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى ياراتتى.

## ساياھەتچىلىك + مەززىلىك تائام بىرىكمە قارتىنى ياخشى ئويناش

8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونى 7 - نۆۋەتلىك شۆجۇ مەدەنىيەت - ساياھىتى. مەززىلىك تائاملار ھەپتىلىكى پائالىيىتى داۋانچىڭ رايونىنىڭ شىگوۋ يېزىسىدا باشلاندى، شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر تاماشا قىلىش، شۆجۇ ئۈزۈۋېلىش سىرت، يەنە پۈتۈن قوي تونۇر كاۋىپى، كاۋاۋچىن تەملىك توخۇ قاتارلىق 40 نەچچە خىل مەززىلىك تائاملارغا ئېغىز تەگدى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېڭىلىق يارىتىلغان مەززىلىك تائام - «شۆجۇ توخۇم» نۇرغۇن ساياھەتچىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى.

«شىنجاڭ مەززىلىك تائاملىرىنىڭ تۈرى كۆپ، شىنجاڭ مەززىلىك تائاملىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىر مۇھىم يول» دېدى شىگوۋ يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزا باشلىقى خېي جيەنشىن. شىگوۋ يېزىسى شۈيمۇ كەنتى يەرلىك بەرپا قىلغان يېزا - كەنت ساياھەت نۇقتىسى بولۇپ، ئۆزگىچە يېمەك - ئىچمەك مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرى، ھازىر تۈرلۈك دېھقانلار ئارامگاھى قاتارلىق ئۆزگىچە يېمەك - ئىچمەك ئاشخانىسىدىن 20سى بار.

دەل مەززىلىك تائاملارنىڭ ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم رولىنى كۆرۈپ يەتكەچكە، 2014 - يىلدىن باشلاپ، داۋانچىڭ رايونى مەززىلىك تائاملارنى تونۇشتۇرۇش، كۆرگەزمە قىلىشنى شۆجۇ مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيىتىگە كىرگۈزدى.

پەقەت داۋانچىڭ رايونىلا ئەمەس، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار بەس - بەستە ئۆزگىچە مەززىلىك تائاملارنى ئالتۇن خەتلىك ماركا قىلىپ، ساياھەتچىلەرنى قەدەم تەشرىپ قىلىشقا جەلپ قىلدى. ھەر خىل مەززىلىك تائاملارنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، ساۋەن چوڭ تەخسىلىك مەززىلىك تائاملار مەدەنىيەت - ساياھەت بايرىمى، «چۆچەكلەردىكى چىگرا شەھەر. بۈرچىن تەمى» مەززىلىك تائاملار بايرىمى قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ تەسىر كۈچىمۇ بارغانسېرى زورايدى.

«بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەززىلىك تائام بىلەن ساياھەتچىلىكنى بىرلەشتۈرۈپ، خوتەن ساياھەتچىلىكىنىڭ يېڭى نام كارتىسىنى بەرپا قىلىۋاتىمىز.» خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى كەسىپلەر تەرەققىيات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى چېن سۈگۈمېي مۇنداق بىلدۈردى: خوتەن ۋىلايىتى ئۆزگىچە مەززىلىك تائاملارنىڭ ئۆلچەملىشىشى ۋە سۈپەتلىك ماركىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مەززىلىك تائاملار جەمئىيىتى قۇرۇپ بۇ تۈردىكى خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇۋاتىدۇ.

«ساياھەتچىلىك بىلەن مەززىلىك تائاملارنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئېلىپ كېلىدۇ.» ئۈرۈمچى يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، جۇڭگو ئاشپەزلىك جەمئىيىتى مىللىي يېمەك - ئىچمەك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي جىڭتاڭ مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭنىڭ مەززىلىك تائاملىرىنى ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شىنجاڭ مەززىلىك تائاملىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ قېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى تۇتۇپ، شىنجاڭ مەززىلىك تائاملىرىنى تېخىمۇ ئۆلچەملەشكەن، قېلىپلاشقان، سۈپەتلىك ماركىلاشقان قىلىش كېرەك.



# لىن بوچۈ: «پېشقەدەم جەڭچى» باشتىن - ئاخىر ئىنقىلابنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇردى



لىن بوچۈنىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت).

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر يۈەن رۇتىڭ)** خۇنەن چاڭدېنىڭ لىنلى ناھىيەسى شيۇمېي بازىرى لياڭشۈيجىڭ كەنتىدە، ياپيېشىل دەرەخلەر ئارىسىدا تىپىك جىڭ دەۋرى ئۇسلۇبىدىكى بىر تۇرالغۇ بار، ئۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يەنئەندىكى بەش پېشقەدەملىرىنىڭ بىرى لىن بوچۈنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق مەزگىلىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۆگەنگەن جاي.

بۇ يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرى، لىن بوچۈنىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى مەنزىرە رايونى ئىچىدە لىن بوچۈنىڭ ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان كۆرگەزمىخانا رەسمىي ئېچىلدى. كىشىلەر كۆرگەزمە زالىنىڭ كۆرگەزمە جازىسى ئالدىدا تۇرۇپ، چۈشەندۈرگۈچىنىڭ بۇ «ئىنقىلابىي پېشقەدەم جەڭچى»نىڭ ئاجايىپ ھاياتى توغرىسىدىكى بايانىنى ئاڭلىدى.

لىن بوچۈنىڭ ئەسلىي ئىسمى لىن زۇخەن بولۇپ، خۇنەننىڭ لىنلىدىن، 1886 - يىلى تۇغۇلغان. ياشلىق - ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپ، ئۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىكى ۋە مىللەتنىڭ ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتتە قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەتتىن قايغۇرغان. 1904 - يىلى ئەتىيازدا، لىن بوچۈ دېڭىزدىن ئۆتۈپ ياپونىيەگە بېرىپ، دۆلەت ۋە خەلقنى قۇتقۇزۇش ھەقىقەتنى ئىزدەنگەن، ئىنقىلاب پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، جۇڭگو تۇڭمېڭخۇيىگە قاتناشقان، ئىنقىلاب ئەمەلىيىتى داۋامىدا تەدرىجىي ماركسىزمنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، لىن بوچۈ پۈتۈن ھاياتىدا زېھنىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا تەقدىم قىلغان.

1920 - يىلى 8 - ئايدا، لىن بوچۈ لى داجاۋ، چېن دۇشيۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شاڭخەيدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دەسلەپكى تەشكىلاتىغا كىرىپ، ئەڭ دەسلەپكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. 1927 - يىلى بۈيۈك ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، لىن بوچۈ نەنچاڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. 1933 - يىلى مەركىزىي ئىنقىلابىي تايانچ بازىغا كىرىپ، ئىلگىرى - كېيىن جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمىتى خەلق ئىگىلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولغان ھەم 1934 - يىلى 10 - ئايدا ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان.

ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقاندا، لىن بوچۈ 50 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇزۇن سەپەر يولىدا، لىن بوچۈنىڭ بەش ئەڭگۈشتەرى: تاياق، قالپاق، چىغ چورۇق، ئاشلىق خالتىسى، ھەربىي سومكىسى بار ئىدى. ئۇ دائىم: «ھەربىي يۈرۈشتە بەش ئەڭگۈشتەرنى ئېلىۋالسام، مەنزىلگە يېتەلمەسلىكتىن ئەنسىرىمەيمەن» دەيتتى. ھەر قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە، لىن بوچۈ ھەمىشە بىر قولىدا كىچىك پانار چىراغنى كۆتۈرۈۋالاتتى، بىر قولىدا رويىچەندىن ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى ھاسىسىنى تۇتۇپ، يولداشلاردىن خەۋەر ئالاتتى. قىزىل ئارمىيە ئايال جەڭچىسى لى جيەنجېن ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «ئۇ كىچىك پانار چىرىغىنى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەتمەيتتى، چوقۇم چىراغ نۇرى ئارقىلىق باشقىلارنى يورۇتاتتى».

1937 - يىلى 9 - ئايدىن 1949 - يىلغىچە، لىن بوچۈ شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. 1937 - يىلدىن باشلاپ، ئۇ كۆپ قېتىم گومىنداڭ - كوممۇنىستىك پارتىيە سۆھبىتىگە قاتنىشىدىغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ۋەكىللىكىنى ئۈستىگە ئالغان، كېيىن يەنە مىللىي سىياسىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ سەنجېيۈەنلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، لىن بوچۈ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1954 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىقىغا سايلانغان. 1960 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

لىن بوچۈ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پەزىلەتلىك ۋە ئابرۇيلۇق رەھبەرلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا تەلەپچان، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇشنىڭ ئۈلگىسى. ئۇ ئىلگىرى كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان: بىرىنچى، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش. ئىككىنچى، مەغرۇرلىنىپ ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىشتىن ساقلىنىش. ئۈچىنچى، نازارەتچىلىكنى جەزمەن سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىش. تۆتىنچى، ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيەسى تەربىيەسىنى كۈچەيتىش.

«يولداش لىن بوچۈنىڭ ھاياتى ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلاب قىلغان ھايات، بىر كەسپىي ئىنقىلابچىنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى.» لىنلى ناھىيەسىدىكى لىن بوچۈنىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسى خاتىرە سارىيىنىڭ ساراي باشلىقى يەن چىڭتاۋنىڭ دېيىشىچە، مەيلى كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە بولسۇن ياكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش مەزگىلىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا بولسۇن، لىن بوچۈ باشتىن - ئاخىر ئىنقىلابىي كۆرەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب ئىشلىرىغا بولغان چەكسىز ساداقىتى بىلەن تارىخنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

# خۇاچياۋلارنىڭ بايراقدارى چېن جياگېڭ



چېن جياگېڭنىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، فۇجوۋ، 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىرلار دېڭ چيەنچيەن، چېن خۇيې)** چېن جياگېڭ 1874 - يىلى فۇجيەننىڭ تۇڭئەن ناھىيەسى رېندېلىدىكى جىمېيشېدا تۇغۇلغان، ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە سىنگاپورغا بېرىپ دادىسىغا ئەگىشىپ سودا قىلغان. 20 يېشىدا، ئۇ يۇرتىغا قايتىپ توي قىلغان ھەم 2000 يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، جىمېيدا تىجەي خۇسۇسىي مەكتىپىنى قۇرغان.

1904 - يىلى دادىسىنىڭ كارخانىسى ۋەيران بولغاچقا، قىرانلىق چاغلىرىدا تۇرۇۋاتقان چېن جياگېڭ بولو تېرىش، پىششىقلاش كەسپى بىلەن ئىگىلىك تىكلىگەن ھەم كاۋچۇكنى كىرگۈزۈپ تېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئىگىلىك تىكلەپ نەتىجە ياراتقان. 1907 - يىلى، ئۇ دادىسىنىڭ قەرزلىرىنى ۋاكالىتەن قايتۇرۇپ، خۇاچياۋلار جەمئىيىتىدە ئىناۋەتكە ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، چېن جياگېڭ كاۋچۇك كەسپى تىجارىتى قىلىشنى ئاساس قىلىپ، قوشۇمچە گۈرۈچچىلىك كەسپى، سۇ ترانسپورتى كەسپى قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان، 1925 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىشلىرى ئەڭ گۈللەنگەن.

سۇن جۇڭشەننىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدە، چېن جياگېڭ 1910 - يىلى باھاردا جۇڭگو تۇڭمېڭخۇيىگە قاتنىشىپ، ماددىي جەھەتتىن شىنخەي ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ھەمدە فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ مالىيەسىگە ياردەم بەرگەن.

1912 - يىلى، چېن جياگېڭ جىمېي باشلانغۇچ مەكتىپىنى پىلانلاپ قۇرغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرا مەكتەپ، سىفەن، باللار باغچىسى ھەمدە جىمېي سۇ مەھسۇلاتلىرى دېڭىز قاتنىشى، سودا پەنلىرى، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مائارىپى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ، تۈرلۈك مەكتەپلەر بىلەن ئامماۋى ئاپپاراتلار توپلانغان جىمېي ئوقۇتۇش كەنتىنى شەكىللەندۈرگەن. چېن جياگېڭ «مائارىپ دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى، مائارىپنى گۈللەندۈرۈش خەلقنىڭ بۇرچى» دېگەنگە قەتئىي ئىشەنگەن، ئۇ ئۆزى يىرىك پىلان تۈزۈپ، جۇڭگو - غەرب بىرىكمە ئۇسلۇبىدىكى «جياگېڭ قۇرۇلۇشى»نى نازارەت قىلىپ ياسىغان ھەم داڭلىق ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، 1921 - يىلى شيامېن داشۆسىنى قۇرغان.

1928 - يىلى، ياپونىيە جىنەن پاجىئەلىك ۋەقەسىنى پەيدا قىلغاندىن كېيىن، چېن جياگېڭ خۇاچياۋلار جەمئىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان. 1937 - يىلى 10 - ئايدا، ئۇ «مالايا - سىنگاپور خۇاچياۋلار ئىئانە توپلاپ ۋەتەندىكى ياردار ئەسكەرلەر، مۇساپىرلارغا ياردەم بېرىش كېڭەش كومىتېتى»نى تەشەببۇس قىلىپ قۇرۇپ، رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئالغان. ئىككىنچى يىلى 10 - ئايدا، ئۇ جەنۇبىي دېڭىز ياقىسىدىكى ھەرقايسى جايلاردىكى خۇاچياۋلار ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ سىنگاپوردا «جەنۇبىي دېڭىز ياقىسى رايونلىرىدىكى خۇاچياۋلار ئىئانە توپلاپ ۋەتەندىكى مۇساپىرلارغا ياردەم بېرىش باش ئۇيۇشمىسى»نى قۇرۇپ، رەئىسلىككە كۆرسىتىلگەن. چېن جياگېڭنىڭ باشلامچىلىق بىلەن پۇل ئىئانە قىلىپ، زايوم سېتىۋېلىپ، ماددىي بۇيۇم تەقدىم قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ تەشكىللىشى نەتىجىسىدە، جەنۇبىي دېڭىز ياقىسى رايونلىرىدىكى خۇاچياۋلار باش ئۇيۇشمىسى قىسقىغىنا ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ۋەتەن ئۈچۈن تەخمىنەن 400 مىليون يۈەندىن ئارتۇق دۆلەت پۇلى يىغقان. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ ھەرقايسى جايلاردا ئىئانە توپلاش ئۇيۇشمىلىرىنى تەشكىللەپ ئالدىنقى سەپتىكى قوماندان ۋە جەڭچىلەرگە قىشلىق كىيىم، دورا بۇيۇملىرى، يۈك ئاپتوموبىلى قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى ئىئانە قىلغان ھەم سىنگاپور ۋە جۇڭچىڭدا مەبلەغ سېلىپ دورا زاۋۇتى قۇرغان، ئالدىنقى سەپنى دورا بىلەن بۇۋاستە تەمىنلىگەن.

1939 - يىلى، چېن جياگېڭ دۆلەت ئىچىدىكىلەرنىڭ تەكلىپى بويىچە 3200دىن ئارتۇق خۇاچياۋ ماشىنىست(ئاپتوموبىل شوپۇرى ھەم رېمونتچى)نى دۆلەتكە قايتىپ مۇلازىمەت قىلىشقا قوبۇل قىلىپ، يېڭىدىن ئېچىلغان يۈننەن - بىرما تاشيولىدا جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئىستراتېگىيەلىك ماددىي ئەشيالارنى تېز توشۇغان. 1940 - يىلى، ئۇ جەنۇبىي دېڭىز ياقىسى رايونلىرىدىكى خۇاچياۋلار ۋەتەنگە قايتىپ ھال سوراش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، جۇڭچىڭ، يەنئەن قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلغان ھەم نۇتۇق سۆزلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆپ تەرىپلەپ، «جۇڭگونىڭ ئۈمىدى يەنئەندە» دەپ قارىغان.

1945 - يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، چېن جياگېڭ سىنگاپورغا قايتقان. ماۋ زېدۇڭ ئۇنىڭغا «خۇاچياۋلارنىڭ رەھبىرى، مىللەتنىڭ نۇرى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن. 1948 - يىلى 5 - ئايدا، ئۇ ماۋ زېدۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى ئېچىش ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش تەكلىپىگە ئاۋاز قوشقان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چېن جياگېڭ ۋەتەنگە قايتىپ ئولتۇراقلاشقان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، خۇاچياۋلار ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خۇادۇڭ ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك چياۋلىيەنىنىڭ رەئىسى بولغان. 1961 - يىلى 8 - ئايدا، چېن جياگېڭ كېسەل سەۋەبىدىن بېيجىڭدا ۋاپات بولغان، شيامېندىكى جىمېيئاۋيۈەنگە دەپنە قىلىنغان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)